بسم الله الرحمن الرحيم

ئىسلام ئاۋازى

29- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ لِيَصُدُّوا عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ فَسَيُنْفِقُونَهَا ثُمَّ تَكُونُ عَلَيْهِمْ حَسْرَةً ثُمَّ يُغْلَبُونَ وَالَّذِينَ كَفَرُوا إِلَى جَهَنَّمَ يُحْشَرُونَ ۞ لِيَمِيزَ اللَّهُ الْخَبِيثَ مِنَ الطَّيِّبِ وَيَجْعَلَ الْخَبِيثَ بَعْضَهُ عَلَى بَعْضٍ فَيَرْكُمَهُ جَمِيعًا فَيَجْعَلَهُ فِي جَهَنَّمَ أُولَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«شۈبھىسىزكى، كاپىرلار مال-مۈلۈكلىرىنى (باشقىلارنى) الله نىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، سەرپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىر ئۇلار يېڭىلىدۇ. كاپىرلار جەھەننەمگىلا ھەيدەپ كىرگۈزۈلىدۇ [36]. الله نىڭ (ئۇلارنى دۇنيادا مەغلۇپ قىلىشى، ئاخىرەتتە جەھەننەمگە ھەيدىشى) كاپىرنى مۆئمىندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر، الله ھەممە كاپىرلارنى ئۈستى-ئۈستىگە دۆۋىلەپ توپلىغاندىن كېيىن دوزاخقا تاشلايدۇ، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر [37]» (سۈرە ئەنفال 36-، 37- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقتىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بەدر ئۇرۇشى بولغان كۈنى قۇرەيش قەبىلىسىگە ئېغىر مۇسىبەت يەتتى. ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلغانلىرى مەككىگە قايتتى. ئەبۇ سۇفيانمۇ كارۋان بىلەن قايتىپ كەلدى. ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ رەبىئە، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە ۋە شۇلارغا ئوخشاش بەدر ئۇرۇشىدا ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى ۋە قېرىنداشلىرى ئۆلتۈرۈلگەن قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب ۋە كارۋاندىكى تىجارەت قىلىشقانلار قۇرەيشلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارغا: <ئى قۇرەيش جامائەسى! مۇھەممەد سىلەرنى يالغۇز قالدۇرۇپ ئاراڭلاردىكى ياخشىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كارۋاندىكى بۇ پۇل-مالنى بىزگە ئىئانە قىلىڭلار، بۇ پۇل-مال ئارقىلىق مۇھەممەدتىن بىز تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قىساسىنى ئالىمىز> دېدى. پۇل-مال ئىگىلىرى بۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن غالىب ۋە بۈيۈك الله يۇقىرىقى ئايەتنى نازىل قىلدى.

بەدر ۋەقەلىكىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن يۈز بەرگەن بۇ خىل دۈشمەنلىك — بۇ دىنىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبلىرىدىن بىر مىسالدۇر چۈنكى بۇ دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى كىشىلەرنى الله نىڭ يولىدىن توسۇش، بۇ دىنىنىڭ ئالدىغا داۋانلارنى تۇرغۇزۇش ۋە ھەر زامان، ھەر ماكاندىكى مۇسۇلمان جامائەتكە ئۇرۇش ئېچىش ئۈچۈن ئىقتىسادلىرىنى چىقىم قىلىدۇ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ ۋە بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئىشلىتىدۇ.

جەڭ ھەرگىزمۇ توختاپ قالمايدۇ. دىن دۈشمەنلىرى بۇ دىنىنى ھەرگىزمۇ راھەتتە تاشلاپ قويمايدۇ ۋە بۇ دىنىنىڭ ياردەمچىلىرىنى تىنچمۇ قويمايدۇ. بۇ دىنىنىڭ يولى — جاھىلىيەتكە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇشتۇر. بۇ دىنىنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ يولى بولسا جاھىلىيەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئىقتىدارىنى يىمىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن تاغۇتلار قول ۋە تىل تەگكۈزەلمىگۈدەك دەرىجىدە الله نىڭ بايرىقىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئىزچىل ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇشتۇر. الله نىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن ماللىرىنى چىقىم قىلىدىغان كاپىرلارغا الله سبحانه وتعالى: <بۇ چىقىم قىلغان ماللىرىڭلار سىلەرگە پۇشايمان ۋە نادامەت ئېلىپ كېلىدۇ> دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇ ماللارنى چىقىم قىلىشى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا زايە بولۇپ كېتىش، بۇ دۇنيادا ئۆزلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ۋە ھەقنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن بولغان بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ئاخىرەتتىكى ئەڭ چوڭ ھەسرەت ۋە نادامەتكە پۈتۈنلەي دۇچار بولۇشى ئۈچۈن جەھەننەمگە توپلىنىدۇ.

<الله نىڭ (ئۇلارنى دۇنيادا مەغلۇپ قىلىشى، ئاخىرەتتە جەھەننەمگە توپلىشى) كاپىرنى مۆئمىندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر، الله ھەممە كاپىرلارنى ئۈستى-ئۈستىگە دۆۋىلەپ توپلىغاندىن كېيىن دوزاخقا تاشلايدۇ، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.>

نېمىشقا ئۇنداق بولمىسۇن؟! چۈنكى باتىلنى قۇترىتىدىغان ۋە باتىلنىڭ تاجاۋۇزىغا مەدەت بېرىدىغان بۇ مال-مۈلۈككە ھەق ئۆزىنىڭ كۈرەشلىرى، جىھادى ۋە باتىلنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئىقتىدارىنى بىتچىت قىلغۇچى ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق قارشى تۇرىدۇ. مانا بۇ ئاچچىق سۈركىلىش بولغاندىلا مىجەز، تەبىئەت ۋە خاراكتېرلەر پاش بولىدۇ؛ ھەتتاكى بۇ خىل سۈركىلىش تەجرىبىسى ۋە سىنىقى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ھەق بايراقنىڭ ئاستىغا دەسلەپتىلا يىغىلىۋالغان جامائەت ۋە سەپلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ ھەم ھەق ئەھلى باتىل ئەھلىدىن ئايرىلغاندەك ھەقمۇ باتىلدىن ئايرىلىدۇ شۇنداقلا الله نىڭ نۇسرىتىگە ھەقلىق بولىدىغان، ئىزچىل، سەۋرلىك ۋە مۇستەھكەم تۇرغۇچى باتۇرلار نامايەن بولىدۇ چۈنكى دەل مۇشۇلار الله نىڭ ئامانەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشقا، ئۇنى باشقۇرۇشقا ھەمدە ئېغىر پىتنە ۋە سىناق بېسىمى ئاستىدا بۇ ئامانەتلەرگە سەل قارىماسلىققا لايىق بولغان كىشىلەردۇر... مانا شۇ پەيتتە الله تعالى بارلىق رەزىل كۈچلەرنى ئۈستى-ئۈستىلەپ يىغىپ جەھەننەمگە تاشلايدۇ، ئەنە شۇ ئەڭ چوڭ زىيانكارلىقتۇر. ئۇلار الله نىڭ نەزىرىدە ھېچبىر ئېتىبارى ۋە نوپۇزى يوق ئەرزىمەس مەخلۇقلاردۇر. <الله ھەممە كاپىرلارنى ئۈستى-ئۈستىگە دۆۋىلەپ توپلىغاندىن كېيىن دوزاخقا تاشلايدۇ، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر>» («في ظلال القرآن»دىن ئېلىندى).

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

قۇرئاننى ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار الله ئوچۇق ئەرەب تىلى بىلەن نازىل قىلغان ۋە الله نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە شەك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس دەرىجىدىكى مۇتىۋاتىر (يالغانچىلىققا تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان دەرىجىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر يەنە ئۆزىدىن كېيىنكى شۇنداق كۆپ سانلىق كىشىلەرگە ئەۋلادمۇئەۋلاد يەتكۈزۈش) يوللار بىلەن بىزلەرگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّهُ لَتَنْزِيلُ رَبِّ الْعَالَمِينَ ۞ نَزَلَ بِهِ الرُّوحُ الْأَمِينُ ۞ عَلَى قَلْبِكَ لِتَكُونَ مِنَ الْمُنْذِرِينَ ۞ بِلِسَانٍ عَرَبِيٍّ مُبِينٍ ۞﴾ «شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر [192]. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى [193-194]. (قۇرئان) ئوچۇق ئەرەب تىلىدا (نازىل بولدى) [195]» (سۈرە شۇئەرا 192- ئايەتتىن 195- ئايەتكىچە).

قۇرئان كەرىم رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تەۋراتقا ئوخشاش يېزىقلىق ھالەتتە بىر قېتىمدىلا نازىل بولغان ئەمەس بەلكى يادقا ئېلىنىشقا قۇلاي بولۇشى ئۈچۈن ۋەقەلەرنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ياكى سوئاللارغا جاۋاب بولۇشى ئۈچۈن 23 يىل جەريانىدا پارچە-پارچە ۋە بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ نازىل بولغان. ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان بولۇپ، قەلبلەر ئۇنى يادقا ساقلايدۇ، تىللار ئۇنى تىلاۋەت قىلىدۇ. ئۇ سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر. ئۇ مۇھكەم (يەنى پۇختا) سۈرىلەردۇر، روشەن ئايەتلەردۇر، ھەرپ ۋە سۆزلەردۇر. ئۇنىڭدا مۇھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق)، مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇجمەل)، ناسىخ (يەنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى)، مەنسۇخ (يەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغۇچى)، خاس (يەنى ئايرىم ھۆكۈم)، ئام (يەنى ئومۇمىي ھۆكۈم)، ئەمىر (يەنى بۇيرۇق-مەجبۇرىيەتلەر) ۋە نەھيى (يەنى ھارام ياكى قانۇنسىز ئىشلار) ئايەتلەر باردۇر. بۇنىڭغا الله تعالى نىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى دەلىلدۇر: ﴿إِنَّهُ لَقُرْآنٌ كَرِيمٌ ۞ فِي كِتَابٍ مَكْنُونٍ ۞ لَا يَمَسُّهُ إِلَّا الْمُطَهَّرُونَ ۞ تَنْزِيلٌ مِنْ رَبِّ الْعَالَمِينَ ۞﴾ «شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر [77]. كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ساقلانغاندۇر [78]. ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ [79]. ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر [80]» (سۈرە ۋاقىئە 77- ئايەتتىن 80- ئايەتكىچە).

﴿بَلْ هُوَ آيَاتٌ بَيِّنَاتٌ فِي صُدُورِ الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ وَمَا يَجْحَدُ بِآيَاتِنَا إِلَّا الظَّالِمُونَ﴾ «ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش زالىملار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس)، قۇرئان ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە ساقلانغان روشەن ئايەتلەردۇر، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت زالىملارلا ئىنكار قىلىدۇ» (سۈرە ئەنكەبۇت 49- ئايەت).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە قۇرئاننىڭ سۈرە، ئايەت، كەلىمە ۋە ھەرپلىرىنىڭ سانى مەسىلىسىدە ئازغىنا مىقداردىكىسىدىن باشقا ھەممىسىگە ئىتتىپاققا كەلدى. مەسىلەن، «بسم الله الرحمن الرحيم» بولسا قۇرئاننىڭ بىر ئايىتى ئىكەنلىكىدە ئىتتىپاق ئەمما سۈرە فاتىھەنى باشلايدىغان مۇستەقىل ئايىتىمۇ ياكى سۈرە فاتىھەنىڭ بىرىنچى ئايىتىمۇ... دېگەنگە ئوخشاش.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِي ﷺ: «أَنَّ رَجُلًا زَارَ أَخًا لَهُ فِي قَرْيَةٍ أُخْرَى، فَأَرْصَدَ اللَّهُ لَهُ عَلَى مَدْرَجَتِهِ مَلَكًا، فَلَمَّا أَتَى عَلَيْهِ قَالَ: أَيْنَ تُرِيدُ؟ قَالَ: أُرِيدُ اَخًا لِي فِي هَذِهِ الْقَرْيَةِ. قَالَ: هَلْ لَكَ عَلَيْهِ مِنْ نِعْمَةٍ تَرُبُّهَا عَلَيْهِ؟ قَالَ: لَا، غَيْرَ أَنِّي أَحْبَبْتُهُ فِي اللهِ تَعَالَى، قَالَ: فَإِنِّي رَسُولُ اللهِ إِلَيْكَ بِأَنَّ اللهَ قَدْ أَحَبَّكَ كَمَا أَحْبَبْتَهُ فِيهِ» (رواه مسلم).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى مەلۇم جايدىكى بىر قېرىندىشىنى يوقلىغانلىقى ئۈچۈن الله ئۇنىڭغا بىر پەرىشتىنى يولبويى مۇھاپىزەتچى قىلدى. پەرىشتە ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ: <سەن قەيەرگە بارماقچى؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى: <مەن بۇ يۇرتتىكى بىر قېرىندىشىمنى يوقلىماقچى> دەپ جاۋاب بەردى. پەرىشتە ئۇنىڭدىن: <سېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىڭغا ئۇنىڭدىن ئالىدىغان بىرەر (دۇنياۋىي) پايدا-مەنپەئەت سەۋەب بولدىمۇ؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇ: <ياق، مەن پەقەت ئۇنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن ئىدىم (مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنى يوقلىغىلى كەلدىم)> دەپ جاۋاب بەردى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: <مەن ساڭا الله تەرەپتىن خۇش بىشارەت ئېلىپ كەلگۈچى ئەلچىدۇرمەن. سەن ئۇ قېرىندىشىڭنى الله ئۈچۈن قانداق ياخشى كۆرگەن بولساڭ، الله سېنى شۇنداق ياخشى كۆردى> دېدى» (مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، دەۋەت قىلغاندا قىسسىلەرنى بايان قىلىش — دەۋەتنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسلۇبلىرىدىن بىرىدۇر.

ئىككىنچى، ئەڭ كۈچلۈك رىشتە — دىن يولىدىكى قېرىنداشلىق رىشتىسىدۇر.

ئۈچىنچى، دىن يولىدا قېرىندىشىنى يوقلاش — الله قا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

تۆتىنچى، دىن يولىدىكى قېرىندىشىنى يوقلاش — پەرىشتە بىلەن دوستلىشىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

بەشىنچى، دىن يولىدىكى بىر قېرىندىشىنى يوقلىسا شۇنچىلىك دەرىجىگە يەتكەن يەردە، نۇرغۇن قېرىنداشلىرىنى يوقلىسا قانچىلىك دەرىجىگە يېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈڭ!

ئالتىنچى، ساق قېرىندىشىنى يوقلىسا شۇنچىلىك دەرىجىگە ئېرىشكەن يەردە، كېسەل قېرىندىشىنى يوقلىسا قانچىلىك دەرىجىگە ئېرىشەر؟!

يەتتىنچى، ساق قېرىندىشىنى يوقلاش مۇستەھەب ئەمما كېسەل بولغان ھەمدە ئۆزى ياخشى تونۇشىدىغان (يەنى يوقلىمىسا كۆڭلى رەنجىيدىغان) قېرىندىشىنى يوقلاش ۋاجىبتۇر.

سەككىزىنچى، ئاددى مۇسۇلمان قېرىندىشىنى يوقلىسا شۇنچىلىك دەرىجىگە يەتكەن يەردە مۇجاھىد قېرىندىشىنى يوقلىسا، بولۇپمۇ جىھادتا يارىدار بولغان قېرىندىشىنى يوقلىسا بۇنىڭ دەرىجىسى قانچىلىك بولار؟!

توققۇزىنچى، يۇقىرىقى ھۆكۈملەر بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەرگە ئام (ئومۇمىي)دۇر.

ئونىنچى، قېرىندىشىنى يوقلاشنىڭ نۇرغۇن پايدىلىرى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. قەلبلەرنى مايىل قىلىش؛ 2. خاتا چۈشىنىش ۋە يامان گۇمانلارنى يوقىتىپ ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە مۇھەببەت ھاسىل قىلىش؛ 3. ئۇنتۇغانلارغا ئەسلەتمە بېرىش؛ 4. ئاخىرەتتىن غاپىل يۈرگەنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش؛ 5. بىلمىسىزلەرگە بىلىم بېرىش؛ 6. تەۋبە قىلىش ۋە ۋەسىيەت قالدۇرۇشلارغا مۇۋەپپەق بولۇش؛ 7. ئۆزئارا مۇھەببەتنى تېخىمۇ زىيادە قىلىش.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

## پەيغەمبەر ﷺ گە سۇيىقەست پىلانلاش ۋە ئۇمەير ئىبنى ۋەھب ئەلجۇمەھىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

مەككە مۇشرىكلىرى بەدر ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ گە بولغان غەزەپ-نەپرىتى تولۇپ تاشتى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئاتالمىش قەھرىمانلىرىدىن بىر بۆلەك كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ نى يوقىتىشقا تىل بىرىكتۈردى. ئۇلارنىڭ گۇمانى بويىچە خار-زەبۇنلۇقنىڭ كېلىپ چىقىشى پەيغەمبەر ﷺ سەۋەبلىك ئىدى. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق بولدى:

بەدر ئۇرۇشىدىن ئازغىنە كېيىن ئۇمەير ئىبنى ۋەھب ئەلجۇمەھى سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە بىلەن كەئبىنىڭ ھىجرى دېگەن يېرىدە ئولتۇرۇپ كەچلىك پاراڭغا چۈشتى. ئۇمەير رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تولا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ئوت قۇيرۇق كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ۋەھەب ئىبنى ئۇمەير بەدردە مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئىدى شۇڭا ئۇلار پاراڭ داۋامىدا قۇدۇققا تاشلاپ كۆمۈۋېتىلگەنلەرنىڭ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلەشتى. سەفۋان مۇنداق دەيدۇ: «قەسەم قىلىمەنكى، بىزنىڭ ھايات قالغانلىقىمىز ياخشى بولدى». ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۇمەير: «راست دەيسەن، ئىلاھىم! مەن قەسەم قىلالايمەنكى، ناۋادا مېنىڭ زىممەمدە نۇرغۇن قەرزلىرىم بولمىغان بولسا ھەم بالا-چاقىلىرىمنىڭ خانىۋەيران بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسام مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم چۈنكى مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشىمغا تولۇق باھانەم بار، ئوغلۇم ئۇلارنىڭ قولىدا ئەسىرلىكتە تۇرماقتا» دېدى. بۇ چاغدا سەفۋان بۇ ئالتۇن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى-دە: «ئۇنداق بولسا قەرزلىرىڭ ماڭا قالسۇن، مەن ئۇنى ئادا قىلىۋېتەي. بالا-چاقىلىرىڭنى ئۆز بالا-چاقىلىرىمغا ئوخشاش كۆرەي ھەم ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ئاتىدارچىلىق قىلاي. ئۇلارنىڭ ھەر قانداق ئىشى مېنىڭ زىممەمگە قالسۇن...» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمەير ئۇنىڭغا: «ئۇنداق بولسا بۇ ئىشنى قەتئىي سىر تۇتقىن، ۋۇجۇدقا چىققۇچە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم ئۇقمىسۇن» دېدى. سەفۋان: «ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن» دېدى.

ئۇلار كېلىشىۋالغاندىن كېيىن ئۇمەير قىلىچىنى ئالاھىدە بىلەپ چاقلاتتى ۋە كۈچلۈك زەھەر بىلەن سۇغۇرۇپ يېنىغا ئاستى، ئاندىن يولغا چىقىپ ئاخىرى مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. ئۇمەير مەسجىد دەرۋازىسى ئالدىدا تۆگىسىنى چۆكتۈرۈۋاتاتتى، ئۇنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رضي الله عنه كۆرۈپ قالدى (بۇ چاغدا ئۆمەر رضي الله عنه بىر بۆلەك مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە بەدر كۈنىدىكى الله نىڭ ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەنلىكىنى ئەسلىشىۋاتاتتى) ۋە: «الله نىڭ دۈشمىنى ئىت — ئۇمەير يامان نىيەتتە كەلدى» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كىرىپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله نىڭ دۈشمىنى ئۇمەير قىلىچى ئېسىقلىق كەپتۇ» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنى مېنىڭ يېنىمغا باشلاپ كىر» دېدى. ئۇنىڭغىچە ئۇمەير رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆيىگە ماڭغان ئىدى، ئۆمەر رضي الله عنه ئۇنىڭغا قىلىچىنى تەڭلەپ توختىتىپ قويدى ۋە ئەنسار يىگىتلىرىدىن بىر قانچەيلەنگە: «سىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كىرىپ تۇرۇڭلار ۋە بۇ خەبىستىن پەخەس بولۇڭلار، ئۇنىڭدىن ئەمىن بولغىلى بولمايدۇ» دېدى. ئاندىن ئۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى كۆرۈپ (ئۆمەر رضي الله عنه تېخىچە ئۇنىڭ گەجگىسىگە قىلىچىنى تەڭلەپ تۇراتتى): «ئۇنى قويۇۋەت ئى ئۆمەر! سەن يېقىنراق كەل» دېدى. ئۇمەير رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يېقىن كېلىپ: «خەيرلىك سەھەر مۇھەممەد!» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى ئۇمەير، الله بىزگە بۇنىڭدىن ياخشىراق بىر سالامنى ئىلتىپات قىلدى — ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ، بۇ — جەننەت ئەھلىنىڭ سالىمىدۇر» دېدى. ئاندىن ئۇنىڭدىن: «نېمىدەپ كەلدىڭ؟» دەپ سورىدى، ئۇمەير: «سىلەر تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئەسىرنى دەپ كەلدىم، ئۇنىڭغا ئېھسان قىلىپ قويۇۋەتسەڭلار» دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداق بولسا يېنىڭغا قىلىچ ئېسىپ كەلگىنىڭ نېمىسى؟» دەپ سورىدى، ئۇمەير: «مۇنداق قىلىچلارنى دات بېسىپ كەتكەي ئىلاھىم! بۇ قاغىشتەككۈر قىلىچلار نېمىگە ئەسقاتاتتى» دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «راست گەپ قىل! زادى نېمىدەپ كەلدىڭ؟» دېگەنىدى، ئۇمەير: «راست ئېيتتىم، مەن پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلدىم» دەپ تۇرۇۋالدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداق ئەمەستۇ؟! بەلكى سەفۋان بىلەن ھىجرىدە ئولتۇرۇپ بەدردە قۇدۇققا تاشلاپ كۆمۈۋېتىلگەنلەرنى ئەسلەشكەنسەن؟! ئاندىن سەن <گەدىنىمدە قەرز بولمىغان بولسا ھەم كىچىك بالىلىرىمنىڭ خانىۋەيران بولۇپ كېتىشىدىن قورقمىغان بولسام ئەلۋەتتە مەدىنىگە بېرىپ مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم> دېگەنسەن؟! شۇنىڭ بىلەن سەفۋان مېنى چوقۇم ئۆلتۈرۈش شەرتى بىلەن سېنىڭ زىممەڭدىكى قەرزلىرىڭنى ۋە بالا-چاقىلىرىڭنىڭ نەپىقىسىنى ئۈستىگە ئالغاندۇ؟! ئاندىن سەن كۆڭلۈڭنى تىندۇرۇپ بۇياققا كەلگەنسەن؟! بىلىپ قويغىنكى، ئۇچىنچى شەخس ئۇقمىغان بۇ سىرىڭلارنى الله ماڭا يەتكۈزۈپ قويدى» دېدى. ئۇمەير بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قاراپ: «ئى مۇھەممەد! مەن سېنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە ئەمدى ئىقرار قىلدىم. ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بىزگە يەتكۈزگەن الله نىڭ ۋەھيلىرىنى يالغان دەپ ئىنكار قىلىپ كەپتىكەنمىز. بۇ قېتىمقى ئىشىمىزنى مەن ۋە سەفۋاندىن باشقا ھېچكىم ئۇقمىغان ئىدى. ئەمدى بىلدىمكى، بۇنى ساڭا چوقۇم الله خەۋەر قىلىپ قويۇپتۇ. الله قا شۈكرى، ئۇ مېنى ئىسلامغا ھىدايەت قىپتۇ. ئۇ مېنى ئۆزى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەپتۇ» دېدى، ئاندىن كەلىمە شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بۇ قېرىندىشىڭلارغا دىنىدىن تەلىم بېرىڭلار، ئەسىرنى قويۇپ بېرىڭلار» دېدى.

ئەمما سەفۋان مەككىدە بەدر پاجىئەسى تىلغا ئېلىنىسلا تولۇق ئىشەنچ بىلەن: «ئاز قالدى، بۈگۈن ياكى ئەتە بەدردىكى قانلىق ئار-نومۇسنى ئاقلايدىغان بىر خۇشخەۋەر يېتىپ كېلىدۇ» دەپ ئۇلارغا تەسەللىي بېرەتتى. كىشىلەر بۇنىڭ نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى سورىسا، ئۇ: «بولغاندا كۆرۈڭلار، ھازىر ۋاقتى ئەمەس» دەپ ئۇلارنى تەقەززالىقتا قوياتتى. ئۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھېچ خۇشخەۋەرگە ئىگە بولالمىغاندىن كېيىن شىمال تەرەپتىن كەلگەن كارۋانلاردىن ئۇمەير توغرۇلۇق خەۋەر ئىگىلىدى ۋە يولۇچىلاردىن سوراشقا باشلىدى، ئاخىر بىر كۈنى مەدىنە تەرەپتىن كەلگەن بىر يولۇچى ئۇمەيرنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. سەفۋان بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا مەڭگۈ گەپ قىلماسلىققا، ئەبەدىي نەپ يەتكۈزمەسلىككە قەسەم ئىچتى. ئاز-راق ۋاقىتتىن كېيىن ئۇمەير مەككىگە قايتىپ كېلىپ، كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭ قولىدا نۇرغۇن خەلق مۇسۇلمان بولدى.

### بۇ ۋەقەلىكتىكى دەرس ۋە ئىبرەتلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، مۇشرىكلارنىڭ دەۋەتچىلەرگە جىسمانىي زەربە بېرىشكە بولغان ھېرىسمەنلىكى. سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە ۋە ئۇمەير ئىبنى ۋەھبىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نى ئۆلتۈرۈشكە كېلىشكەنلىكى. دەۋەت دۈشمەنلىرىنىڭ دەۋەتنى رەت قىلىش، ئۇنى سەت كۆرسىتىش ۋە ئۇنىڭدىن ئىنسانلارنى توسۇش بىلەنلا بولدى قىلماستىن بەلكى دەۋەتچىلەرگە سۇيىقەست قىلىش، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تىل بىرىكتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پايلاقچىلارنى سېتىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىقتىساد ئىگىلىرى كەمبەغەل-نامرات كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قارىماي ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇلارغا پۇل بېرىپ ئىشقا سالاتتى.

ئىككىنچى، ساھابە رضي الله عنهم لارنىڭ ئالاھىدە پەرق ئېتىپ تۇرىدىغان مىسلىسىز بىخەتەرلىك تۇيغۇلىرىنىڭ ئاشكارا بولۇشى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رضي الله عنه ئۇمەير ئىبنى ۋەھبىنىڭ كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلدى ۋە ئۇنىڭ ياۋۇز مەقسەت ئۈچۈنلا كەلگەن شەيتان ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا ئۇقتۇرۇپ قويدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

### ئۈچىنچى ماۋزۇ: نەجدات پىرقىسى

بۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى رەھبىرى نەجدە ئىبنى ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ساد ئىبنى مۇفەررەج ھەنەفىي ياكى سەقەفىيگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى نەجدات ئازىرىيە (يەنى ئۆزرىلىك سانايدىغان نەجداتلار) دەپ ئاتىلاتتى چۈنكى ئۇلار ئىجتىھادتا خاتا كەتكەنلەرنىڭ بىلمەسلىك تەرىپىنى ئۆزرە سانايتتى. دەسلەپتە نەجدە ئىبنى ئامىر بولسا نافىي ئىبنى ئەزرەق بىلەن بىر سەپتە بولغان بولۇپ، كېيىنچە نافىينىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى يامان كۆرگەن. نەجدە بۇ ئىشلارنى ئازدۇرغۇچى بىدئەتلەرنىڭ جۈملىسىدىن دەپ قاراپ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى ئېلىپ نافىيدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن. نەجدە باتۇرلۇق بىلەن داڭق چىقارغان كىشى ئىدى چۈنكى ئۇ ئەتراپىدىكى يۇرتلارغا كەينى-كەينىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ھاكىمىيىتىنى جەنۇبىتىكى سەنئا، بەھرەيىن ۋە قىتتىن قاتارلىق ئىسلام دۆلىتىدىن كەڭ كۆلەملىك جايلارنى ئىشغال قىلىۋېلىش بىلەن كېڭەيتكەن. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئۆز ئەگەشكۈچىلىرى تەرىپىدىن قارشىلىققا ئۇچرىغانغا قەدەر كۈچلۈك بولۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قاتتىق قارشىلاشقىنى ئەبۇ فۇدەيك بولۇپ، نەجدە ئەبۇ فۇدەيك ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەستلەش پىلانىنى بايقاپ قېلىپ، ھىجىر قىشلاقلىرىنىڭ بىرىگە يوشۇرۇنۇۋالغان لېكىن ئۇ پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن بەنى تەمىمدىن بولغان ئانا تەرەپ تاغىلىرىنىڭ قېشىدا يوشۇرۇنۇۋالغان. شۇ پەيتلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان تەرەپكە يولغا چىقىش نىيىتىگە كېلىپ، ئايالىغا بىر قىسىم ئىشلارنى تاپشۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۆيىگە كەلگەندە ئەبۇ فۇدەيك گۇرۇھى ئۇنى ئالداپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ فۇدەيك گۇرۇھىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىملىق جەڭدە تارىختا كەمدىن-كەم تېپىلىدىغان باتۇرلۇق كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسى ھىجرىيە 72- يىلى يۈز بەرگەن. نەجدەنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ نەجدەگە قارشى چىقىشىغا نۇرغۇن ئىشلار سەۋەب بولغان بولۇپ، بۇ سەۋەبلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا يۈز بەرگەن بولسىمۇ لېكىن قارشى چىققۇچىلارنىڭ قەلبلىرىگە تولۇپ كەتكەن ئۆچمەنلىك بۇ چېچىلاڭغۇ سەۋەبلەرنى بىر يەرگە يىغىپ تېخىمۇ چوڭايتىۋېتىشكە سەۋەب بولغان بولۇپ، ئاخىرىدا فۇدەيك گۇرۇھى نەجدىگە ئىتائەت قىلىشقا سەۋر قىلالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپ، ئاخىرىدا ئۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرغان. بۇ سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ھەي ئىبنى ۋائىل دەپ ئاتىلىدىغان ئەبۇ سىنان بولسا نەجدىگە: «سەن قولىمىزغا چۈشكەندىن كېيىن تەقىييە قىلىپ (يەنى ئېتىقادىنى يوشۇرۇپ) سېنىڭ سېپىڭگە قېتىلغان ھەرقانداق كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن» دەپ مەسلىھەت بەرگەندە نەجدە ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن تىللاپ تۇرۇپ: «الله ھېچبىر كىشىنى غەيبنى بىلىشكە تەكلىپ قىلغىنى يوقتۇ؟! شۇڭا بىز چوقۇم كىشىلەرنىڭ زاھىرىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىشىمىز كېرەك» دەپ جاۋاب قايتۇرغان.

ئىككىنچى، نەجدە ئىككى قوشۇن ئەۋەتكەن بولۇپ: بىرى، دېڭىز قوشۇنى؛ يەنى بىرى، قۇرۇقلۇق قوشۇنى ئىدى. ئۇ غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلغاندا قۇرۇقلۇق قوشۇنىدىن دېڭىز قوشۇنىغا كۆپرەك غەنىيمەت بەرگەن، بۇنىڭغا نەجدىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بولغان ئەتىييە ئىبنى ئەسۋەد قاتتىق غەزەپ قىلغان شۇنداقلا نەجدىمۇ ئەتىييەگە قاتتىق غەزەپلىنىپ تىللاپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئەتىييە كىشىلەرنى نەجدىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتقان.

ئۈچىنچى، نەجدە ھاراق ئىچكەنلەرگە يۈرگۈزۈلىدىغان ھەدنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىرى ھاراق ئىچكەن بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىشنى نەجدىگە مەلۇم قىلغاندا، نەجدە ئۇلارغا: «بۇ دېگەن دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بېرەلەيدىغان كىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەسۇلۇللاھمۇ مۇشرىكلاردىن ياردەم سورىغان» دەپ جاۋاب بېرىپ ئۇنى جازالىمىغان لېكىن بۇ جاۋاب ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى قانائەتلەندۈرەلمىگەن.

تۆتىنچى، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا ئوسمان رضي الله عنه نىڭ قىزلىرىدىن بىرى نەجدىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىرىگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، نەجدە ئۇ قىزنى ئۇ ئەسكەردىن سېتىۋېلىپ ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا قايتۇرۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرۈپ: «سەن نېمىدەپ بىزنىڭ دېدەكىمىزنى دۈشمىنىمىزگە قايتۇرۇپ بېرىسەن» دەپ قارشى تۇرغان.

بەشىنچى، ئۇ ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان بىلەن بىر نەچچە قېتىم خەت يېزىشقان بولۇپ، ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئەگەر ئىتائەت قىلسا يەمامىگە ۋالى قىلىدىغانلىقى ۋە ئىلگىرى ئۇ چېقىلغان بارلىق مال ۋە قانلارغا قارىتا جازا ئىجرا قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەتىييە نەجدىگە: «ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان نەجدىنىڭ دىنىدا سۈيۈقلاشتۇرغۇچى ياكى مۇرەسسە قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بىلەن خەت يېزىشتى» دەپ قارشى چىققان.

ئالتىنچى، نەجدىنىڭ بەزى ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا: «بىز سېنىڭ يېنىڭغا قايتىپ كېلىشىمىز ئۈچۈن، سەن قىلمىشلىرىڭدىن تەۋبە قىلىشىڭ كېرەك» دەپ شەرت قويغان. ئۇ بۇ شەرتنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن ئۇلار: «خەلىپىنى تەۋبە قىلدۇرۇش ئەسلى بىزگە لايىق ئەمەس شۇڭا خەلىپە ئۆزىنىڭ تەۋبە قىلغانلىقىغا يەنە تەۋبە قىلىشى كېرەك» دەپ نەجدىگە قارشى چىققان.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)




# ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى




*ۋاخان كارىدورى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگەجايلاشقان (قېنىق بويالغان قىسىم)*

## 1. قىسقىچە ئارقا كۆرۈنۈشى




ئۈزۈن، ساپلىقنىڭ سىپىغا ئوخشايدىغان ۋە شەرقىي تۈركىستانغىچە تۇتۇشىدىغان بۇ رايون ۋاخان كارىدورى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇگۈنگە قەدەر بۇ رايون تەكشۈرۈش خادىملىرى ئۈچۈن ئەڭ چەت ۋە ئاسان بارغىلى بولمايدىغان رايون دەپ قارىلىدۇ.

ۋاخان رايونى تەۋە دۆلەت: ئافغانىستان

تەۋە مەمۇرىي رايون: بەدەخشان

رايون ئىسمى: ۋاخان

ئەڭ يېقىن خەلقئارالىق ئايرودروم: كابول ئايرودرومى؛ ئەڭ يېقىن دۆلەت ئىچى ئايرودرومى: فەيزاباد ئايرودرومى.

رايون مەركىزى: خاندۇد.

مۇھىم يېزىسى: ئىشكەشىم؛ ئاساسلىق يېزىلار: قازىدەھ، قەلئەيپەنجە، غازخان، سەرھەدىبروغىل (Sarhad-e-broghil).

تىلى: فارس تىلى، ۋاخى تىلى (Wakhi) ۋە قىرغىز تىلى.

ۋاخان كارىدورى ئىشكەشىمنىڭ تۆۋەن ۋە غەربىي تەرىپىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىدىكى ۋاغجىر ئۆتۈشمىسىگە سوزۇلىدۇ. شەرقىي تەرىپىدىكى ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ چوقچىيىپ چىققان ئەڭ غەربىدىكى تېررىتورىيىسى تەرىپىدىن شىمالغا ۋە جەنۇبقا سوزۇلغان قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ شۇڭا ئافغانىستان تېررىتورىيىسىنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى چېگراسى ۋاغجىر ئۆتۈشمىسى ئارقىلىق شىمال ۋە جەنۇب تەرەپ يۆنىلىشىگە سوزۇلىدۇ.

ئىشكەشىمدىن تارتىپ ئافغانىستاننىڭ ئەڭ شەرقىدىكى چېگراسىغىچە بولغان ئومۇمىي ئارىلىق 350 كىلومېتىر ىراق ۋاغجىر ئۆتۈشمىسىگىچە بولغان ئومۇمىي ئارىلىق 300 كىلومېتىر كېلىدۇ. كارىدورنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا توغرا كەلگەن ئەڭ كەڭ رايونىنىڭ ئومۇمىي كەڭلىكى 65 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئەڭ تار قىسمى غەرب تەرىپىدىن باشلانغان ئۈچتىن بىر قىسمىغا توغرا كەلگەن رايوندا بولۇپ، بۇ يەرنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 13-25 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ. كارىدورنىڭ غەرب تەرەپتىن كىرىش ئېغىزىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 18 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ رايونغا نىكولاس تاغ تىزمىسى (Nicholas Range) دەپ ئاتالغان بىر تاغ تىزمىسى ئورۇنلاشقان. بۇ رايونلار ناھايىتى ئېگىز-پەس. تاغلار تەبىئىي ھادىسىلەر سەۋەبىدىن ئۇپرىمىغان. كىچىك يېرىقلار ۋە تاشلار جىلغىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. پەقەت چوڭ جىلغىلارنىڭلا كەلكۈن سۈيى يىغىلىپ قالىدىغان جايلىرى بار. كەلكۈن سۇلىرى كۆپ ھاللاردا تېز ئېقىنلارنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەم مۇزلۇق ۋە چوڭ قورام تاشلىقلارنىڭ ئارىسىدىن ئاقىدۇ. بۇ سۇلار تېيىز ۋە لاي-پاتقاقلىق كۆللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ كۆللەرنىڭ كەڭلىكى بىر نەچچە مىل، ئۇزۇنلۇقى نەچچە ئون مىلغا سوزۇلىدۇ. بۇ خىل تەبىئىي جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈش «پامىر» دەپ ئاتىلىدۇ بىراق «پامىر» دېگەن سۆز كۆپلۈك شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي تۈركىستان، رۇسىيە ۋە ئافغانىستان چېگرالىرىدىكى تاغلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. پامىر — ئوتتۇرا ئاسىياغا خاس بولغان، كەم ئۇچرايدىغان U شەكىللىك تاغلىق جىلغىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا «پامىر» دەپ ئاتىلىدىغان رايون ئالتىدىن ئاشىدۇ. بۇ يەرلەر سۇ ۋە ئوتلاقلارنىڭ موللۇقى بىلەن مەشھۇر. بۇ كەڭرى كەتكەن يايلاقلار يىلنىڭ ئالتە ئېيىدا قار بىلەن قاپلىنىدۇ.

1970- يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ (بۇ ۋەقەلەر 1979- يىللىرىدىكى سوۋېتنىڭ تاجاۋۇزى ئارقىلىق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان) ئالدىدىكى ئافغانىستانغا نىسبەتەن «ئالتۇن دەۋر» دەپ قارالغان ۋاقىتلارغا قايتساقمۇ؛ بۇ دۆلەت تېبابەت، مائارىپ، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش نىسبىتى قاتارلىق ئىجتىمائىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئەڭ ناچار بولۇشى بىلەن ئاسىيادىكى ئەڭ نامرات دۆلەت ھېسابلىناتتى لېكىن ئافغانىستاندا 1970- يىللىرى دېھقانچىلىق ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتلەردە ياخشى تەرەققىياتلار بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت تەبىئىي مۇھىتنى ۋە ئالاھىدە ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشقا كۆڭۈل بۆلدى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئىجابىي تىرىشچانلىقى ئاشتى. نۇرغۇنلىغان ئالاھىدە قوغدىلىدىغان باغچىلار خەلقئارالىق ياردەم ۋە قوللاش بىلەن قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋاخان كارىدورىغا جايلاشقان «پامىرى بۇزۇرۇگ» ياكى «پامىرى كالان» دەپ ئاتالغان، بىزچە «چوڭ پامىر» دېيىلىدىغان رايون بار ئىدى. بۇ رايون ۋاخان كارىدورىنىڭ بىر بۆلىكى بولغان ۋاخان رايونىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، چۆچەكلەردە «ماركوپولو قويى» دەپ ئاتالغان دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر ياۋايى قوي (يەنى ئارقار)نىڭ يۇرتىدۇر.

ئافغانىستاننىڭ بىرىنچى قېتىملىق تەرەققىياتى 1978- يىلىدىكى ئىنقىلاب بىلەن توختىغان بولۇپ، بۇ ئىنقىلابتا ئافغانىستان رەھبىرى داۋۇدخان ۋە ئۇنىڭ جەمەتى ئۆلتۈرۈلۈپ، كوممۇنىست خەلق پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى نۇرمۇھەممەد تاراكى ھوقۇقنى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا بىر قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، 1979- يىلى سوۋېت تاجاۋۇزى بىلەن 10 يىللىق جەڭ باشلانغان. 1979- يىلىدىكى سوۋېتنىڭ تاجاۋۇزى سەۋەبىدىن يۇقىرىقى تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسى توختاپ قالدى. يەنى ئافغانىستان ئون يىللىق ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىغا كىرىپ قالدى ۋە بۇ سەۋەبتىن 1.5 مىليون ئەتراپىدا كىشىلەر ھاياتىدىن ئايرىلىپ، 5-6 مىليونغىچە كىشىلەر باشقا دۆلەتلەرگە كۆچمەن بولۇپ كەتتى. 1989- يىلىدىكى سوۋېتنىڭ ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىشى يەنە بىر قېتىملىق ئىچكى توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، يەنى دەسلەپتە مۇجاھىد گۇرۇپپىلار دوكتور نەجىبۇللاھ باشچىلىقىدىكى كوممۇنىستلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى، 1992- يىلىغا كەلگەندە ۋەيران بولغان كابۇلنى تالىشىپ، مۇجاھىدلار گۇرۇپپىلىرى ئۆزئارا توقۇنۇشتى. بۇ قالايمىقانچىلىق تالىباننى مەيدانغا چىقاردى ھەمدە 1994- يىلىغا كەلگەندە تالىبان بىلەن چەتئەللىك قوللىغۇچىلىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدىكى شىمالىي ئىتتىپاقنىڭ توقۇنۇشى ئەۋج ئالدى. بۇ ھالەت 2001- يىلىدىكى 11- سېنتەبىر جىھادىغىچە داۋام ئەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن 2002- يىلى ھامىد كارزايى ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى ۋە ئافغانىستان كاپىرلار ئۈچۈن ھەرھالدا كۆڭۈلدىكىدەك بىر ھالەتكە كەلدى.

رۇس جىھادى سەۋەبلىك بۇ دۆلەتكە قوراللار كەڭ تارقالدى، نۇرغۇن يەرلەرگە مىنا قويۇلۇپ كەتتى، مىليونلىغان كىشىلەر ئۆيلىرىدىن ئايرىلدى، دۆلەت ئىچىدە خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتى پۈتۈنلەي يوقالدى. بۇ كېلىشمەسلىكنىڭ ئۈستىگە، 1999- يىلىدىن باشلاپ ئافغانىستاننىڭ بەزى يەرلىرى ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى، بۇ قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئەتراپىتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ۋە پەسىللىك چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. قۇرغاقچىلىق ئوتلاقلارغىلا تەسىر يەتكۈزمەستىن بەلكى بىنەم يەرلەرگىمۇ تەسىر يەتكۈزگەن بولۇپ، بۇ رايونلار سوۋېت تاجاۋۇزىدىن ئىلگىرى تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونلار ھېسابلىناتتى. ئافغانىستاندا تۆت يىللىق قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، دۆلەتنىڭ ئاساسلىق دەريا سىستېمىلىرى ۋە نەم يەرلەرنى قۇرۇتۇۋەتتى، يامغۇر سۈيىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئېتىزلار ۋەيران بولدى. بۇ ھالەت يايلاقلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىپ، يايلاقلاردىن پايدىلىنىدىغان چارۋا ماللارغا ۋە يايلاقتىكى باشقا جانلىقلارغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى. ئىنسانلارغا كەلگەن پاجىئەلەردىن باشقا، ئافغانىستاندىكى ئاجىز مۇھىتقا ۋە بۇرۇندىنلا خەتەر ئىچىدە قالغان ياۋايى جانلىقلارغا زىيان يەتكۈزدى.

ئافغانىستانلىقلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ئىنتايىن يىراق دەپ قارالغان شەرقىي شىمالىدىكى ۋاخان كارىدورىنى يېقىنقى يىللاردا پەقەت ئاز ساندىكى چەتئەللىكلەرلا زىيارەت قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تېخىمۇ ئاز بىر قىسىم كىشىلەر 24 يىللىق ئۇرۇش ۋە قالايمىقانچىلىقتىن كېيىنكى بۇ رايوننىڭ ئومۇمىي تەبىئىي مۇھىتى ۋە ياۋايى جانلىقلار ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

ۋاخان كارىدورى ئۈچ چوڭ قىسمىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار:

ۋاخان رايونى، چوڭ پامىر ۋە كىچىك پامىر رايونىدىن ئىبارەت. ۋاخان كارىدورىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى: شىمالىي كەڭلىك 36°20' تىن 37°30' قىچە؛ شەرقىي ئۇزۇنلۇق 71°30' تىن 74°54' قىچە. بۇنىڭ ھەممىسى ئايرىم بىر ناھىيە قىلىپ بەلگىلەنگەن.

ئادەتتە پامىر دېگەن سۆز تاجىكىستاندىن باشلىنىپ ئافغانىستان ۋە شەرقىي تۈركىستانغا سوزۇلۇپ كىرىپ كېتىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئومۇمىي تاغ تىزمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئافغان پامىر رايونى بولسا ۋاخان رايونىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى مول ئوتلاق رايونىدىن ئىككىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار چوڭ پامىر ۋە كىچىك پامىردىن ئىبارەت.

چوڭ-كىچىك پامىرلار پارسچە ئىسىملىرى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، چوڭ پامىر «پامىرى كالان» ياكى «پامىرى بۇزۇرۇگ» دەپ ئاتىلىدۇ. «كالان» ۋە «بۇزۇرۇگ» دېگەن سۆزلەر پارسچە سۆزلەر بولۇپ، ئۇيغۇرچە «چوڭ» ۋە «يوغان» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. كىچىك پامىر «پامىر خۇرد» ياكى «پامىرى كوچاك» دېگەن ئىسىملار بىلەن مەشھۇر بولۇپ، پارسچە «خۇرد» ۋە «كوچاك» دېگەن سۆزلەر ئۇيغۇرچە «كىچىك» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

60 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭ پامىر شىمالدىكى ئالىچۇر (Alichur) تاغ تىزمىسى بىلەن جەنۇبتىكى ۋاخان تاغ تىزمىسىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان. كىچىك پامىرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 كىلومېتىر بولۇپ يەر كۆلىمى جەھەتتە چوڭ پامىردىن چوڭ بىراق يەر شەكلى ناھايىتى تەكشىسىز بولغان چوڭ پامىرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى كىچىك پامىرغا قارىغاندا ئېگىز بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىسىملىرى مۇشۇنىڭغا ئاساسەن قويۇلغان.

شەرق تەرىپىدىن غەرب تەرىپىگىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 210 كىلومېتىر، شىمال تەرىپىدىكى تاجىكىستاندىن جەنۇب تەرىپىدىكى پاكىستانغىچە بولغان كەڭلىكى 20 كىلومېتىردىن 60 كىلومېتىرغىچە بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى تەخمىنەن 10300 كۋادرات كىلومېتىر.

ۋاخان كارىدورىنىڭ تارىخى ۋە سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ۋاخان كارىدورى ھىندىقۇش تاغلىرى، پامىر تاغلىرى ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ گىرەلەشكەن ئورنىغا جايلاشقان.

(اللہ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پەيغەمبەر تېبابىتى بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

## توشقان گۆشى

ئەنەس ئىبنى مالىك رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بىر توشقاننى ئۇچراتتۇق، قالغانلار ئۇنى تۇتۇۋېلىشتى، ئەبۇ تەلھە ئۇنىڭ پاچىقىنى پەيغەمبەر ﷺ گە ئەۋەتكەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى قوبۇل قىلدى» («سەھىھ بۇخارى» 2914-، «سەھىھ مۇسلىم» 2843- ھەدىس).

توشقان گۆشى ئىسسىقلىق ۋە قۇرغاقلىقتا مۆتىدىلدۇر، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى يېرى پاچىقىدۇر، ئۇنى كاۋاپ قىلىپ يېگەن ئەڭ ياخشى. ئۇ قورساقنى قاتۇرىدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، تاشلارنى پارچىلايدۇ. ئۇنىڭ بېشى تىترەك كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاءالله).




■ 7- ئاينىڭ 8- كۈنى مالى مۇجاھىدلىرى مالىنىڭ تىسالى شەھىرى ئەتراپىغا جايلاشقان ۋادى ئابشىغشاغ رايونىدا تاجاۋۇزچى فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ماشىنىسىنى مىنا ئارقىلىق پارتلىتىپ 3 نەپەر فرانسىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 7- ئاينىڭ 9- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستانىنىڭ پاكتىيا ۋىلايىتىدىكى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىي بازىسىغا قارشى توپ قورال ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 4 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرىنى ۋە 3 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 7- ئاينىڭ 9- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستانىنىڭ قۇندۇز ۋىلايىتى تىلۋاكى رايونىدا تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن.

■ 7- ئاينىڭ 10- كۈنى سۈرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتى ماساسانا رايونىدا رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر نەپەر ئەسكىرىي مەسلىھەتچىسى مۇجاھىدلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

■ 7- ئاينىڭ 11- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستانىنىڭ فەراھ ۋىلايىتى شامالغا رايونىدا ئافغانىستان ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە ئۆلارنىڭ 14 نەپەر ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، 16 نەپەر ئەسكىرىنى يارىلاندۇرغان ۋە 5 نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇلىنى ئەسىرگە ئالغان، 2 دانە تانكىسىنى ۋەيران قىلغان.

■ 7- ئاينىڭ 12- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستانىنىڭ كابۇل ۋىلايىتىدىن لوگار ۋىلايىتىگە قاراپ كېتىۋاتقان ئافغانىستان مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 12 دانە تانكا ۋە 1 دانە ئەسكىرىي ماشىنىسىنى ۋەيران قىلغان. مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 15 نەپىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە كۆپلىرىنى يارىلاندۇرغان، قالغانلىرى قېچىپ كەتكەن. الله نىڭ رەھمىتى بىلەن 3 دانە تانكا ۋە 4 دانە ئەسكىرىي ماشىنىسىنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 7- ئاينىڭ 13- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ بايبۇكۇل ۋىلايىتى ھەدىر شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، تاغۇت ئارمىيىسىنىڭ 2 نەپەر گېنېرالىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 7- ئاينىڭ 14- كۈنى پەلەستىنىنىڭ قۇددۇس شەھىرىدە 3 نەپەر مۇجاھىد قېرىنداشىمىز ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرىگە قارشى قورallıق ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 2 نەپەر ئىسرائىلىيە ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان. بۇ ھۇجۇم سەۋەبلىك ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى مەسجىدۇل ئەقسادا جۈمە نامىزى ئوقۇشنى چەكلىگەن. بۇ بولسا 50 يىل مابەينىدە پەلەستىندە جۈمە نامىزى ئوقۇلمىغان بىر كۈن.

■ 7- ئاينىڭ 15- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ بايبۇكۇل ۋىلايىتى قەنساھدىرى شەھىرىدە سومالى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە قەنساھدىرى شەھىرىنىڭ باش ئەسكىرىي مەسئۇلى بىلەن بىر قانچە نەپەر قوغدىغۇچىسى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 7- ئاينىڭ 16- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتى راسىر شەمرا رايونىدىكى بەششار ئەسەد ۋە ئىران شىئەلىرىنىڭ ھەربىي پاراخوتلىرى كىرىپ چىقىدىغان ئورۇننى ۋە ئەسكەرلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇننى ئۇزۇن مەزگىل كۆزىتىپ ماشىنا بومبا قويۇپ پارتلاتقان، نەتىجىدە 10 نەچچە نەپەر شىئە ئەسكەرلىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان ۋە بىر نەچچە پاراخوت ۋەيران بولغان.

■ 7- ئاينىڭ 17- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستانىنىڭ قۇندۇز ۋىلايىتىدىكى بىر قانچە رايونلاردا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 2 دانە تانكىسىنى ۋەيران قىلغان ۋە بىر نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 3 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن. مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرىدىن 10 نەچچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، 10 نەچچىسىنى يارىلاندۇرغان.

■ 7- ئاينىڭ 19- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستانىنىڭ فەرياب ۋىلايىتى دۆلەتئاباد رايونىدىكى مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرى تۇرۇشلۇق بىر قانچە يېزىلارغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 11 ئورۇندىكى ئەسكىرىي نۇقتا مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتكەن، بىر نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 نەچچە نەپەر ئەسكەرنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان ۋە 2 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرىنى ئەسىر ئالغان. كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن.

■ 7- ئاينىڭ 20- كۈنى سومالىنىڭ جوبا ۋىلايىتى جەلىب رايونىدا 1 نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇل 3 نەپەر ئەسكەر بىلەن بىللە ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سېپىگە قېتىلغان.

■ 7- ئاينىڭ 20- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ جالكىيۇ شەھىرىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر نەپەر چوڭ ئىستىخبارات مەسئۇلىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 7- ئاينىڭ 20- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستانىنىڭ ھېلمەند ۋىلايىتى گىرىش رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ ئەمەلىيەت ئاۋۋال ئىككى قېتىملىق پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى بىلەن باشلانغان بولۇپ، بىرىنچى قېتىملىق ئەمەلىيەت گىرىش رايونىدىكى ئەسكىرىي بازىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان. ئىككىنچى قېتىملىقى بولسا مۇرتەد ئارمىيىگە ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ جەڭ ھازىرمۇ ھەم داۋاملاشماقتا. مۇجاھىدلار ھازىرغىچە 18 ئورۇندىكى بىختەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە ئىككى ئورۇندىكى ئەسكىرىي بازىنى فەتھ قىلغان. ئۇندىن باشقا، كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| حَدِيقَةٌ | باغچا | خَلْفَ بَيْتِنَا حَدِيقَةٌ | بىزنىڭ ئۆينىڭ كەينىدە باغچا بار |
| شَجَرَةٌ | دەرەخ | أَمَامَ بَيْتِنَا ثَلَاثُ أَشْجَارٍ | ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا ئۈچ تۈپ دەرەخ بار |
| وَرْدَةٌ | گۈل | جَذَّ لِي مَجْمُوعًا مِنَ الْوَرْدَةِ | ماڭا بىر دەستە گۈل ئۈزۈپ بەرگىن |
| وِسَادَةٌ | ياستۇق | نَاوِلْنِي بِوِسَادَةٍ | ياستۇقنى ئېلىپ بەرگىنە! |
| فِرَاشٌ | كۆرپە | مَهِّدْ لِلضُيُوفِ فِرَاشًا يَا مَحْمُودُ! | مەھمۇد، مېھمانلارغا كۆرپە سېلىپ بەر |
| ثِيَابٌ | كىيىم | إِنَّ ثِيَابَكَ جَمِيْلٌ | سېنىڭ كىيىمىڭ چىرايلىق ئىكەن |
| شَمَّاعَةٌ | كىيىم ئاسقۇچ | عَلِّقْ ثِيَابِي عَلَى الشَّمَّاعَةِ | چاپىنىمنى كىيىم ئاسقۇچقا ئېلىپ قوي |
| ثُرَيَّا | كۆپ لامپىلىق ئاسما چىراق | إِنَّ الثُّرَيَّا الَّتِي فِي بَيْتِكُمْ جَمِيْلَةٌ جِدًّا | سىلەرنىڭ ئۆيدىكى ئاسما چىراق بەك چىرايلىق ئىكەن |
| مِصْبَاحٌ | لامپۇچكا | خَرِبَ الْمِصْبَاحُ | لامپۇچكا كۆيۈپ كەتتى |
| سَجَّادَةٌ | جايناماز | مَهِّدْ السَّجَّادَةَ لِنُصَلِّي فِيهَا | جاينامازنى سال، ناماز ئوقۇيلى |
| إِبْرَةٌ | يىڭنە | نَاوِلْنِي بِالْإِبْرَةِ لِأَخِيْطَ ثِيَابِي | يىڭنىنى ئېلىۋەت، ئىشتىنىمنى يامىۋالاي |
| مِرْآةٌ | ئەينەك | أُنْظُرْ إِلَى نَفْسِكَ جَيِّدًا بِالنَّظَرِ إِلَى الْمِرْآةِ | ئەينەككە ئوبدان قاراپ باق |




1. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ۋە توغرا تاپالايدۇ؟



ھەپتىمۇ بار، كۈنىمۇ بار،
ئايمۇ بار ھەم يىلمۇ بار.
بويسۇنمىساق ئۇنىڭغا،
كۈنىمىز ئۆتەر بەكمۇ خار.
جاۋابىنى تاپقانغا،
بەخت-ئامەت دائىم يار.

2. تۆۋەندىكى ئىسلامىي تېپىشماقنى قېنى كىم تاپالايدۇ؟

ئۆزى پاكىز، ھېچقانداق نىجاسەت بولمىغان (قەبرىستانلىقمۇ ئەمەس) لېكىن ناماز ئوقۇش ھالال بولمايدىغان يەر قايسى يەر؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقنىڭ جاۋابى:

سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ ئىچكەن سۈيى چۈنكى ئۇ سۈنى تاقىيامەتكىچە ئىچىش چەكلەنگەن.

# ئائىلىدىكى رىتسىپلار

## بەرەڭگە (ياڭيۇ) بوتقىسى ئاشقازانغا پايدىلىق

ھاۋانىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ ئاشقازاننىڭ ئىقتىدارى ناچارلايدۇ؛ ئىشتىھاسىزلىق، ھەزىم قىلىش ناچارلاش، ئىچى سۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆپ كۆرۈلىدۇ. ناۋادا يازدا ئاشقازاننى ياخشى ئاسرىمىغاندا بىر قىسىم ياشانغانلار كېسەللىكلىرى، يەنى بوغۇم ياللۇغى ۋە باشقا كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.

بەرەڭگە بوتقىسى ئىچىپ بېرىش ئاشقازاننى ئاسراشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. بەرەڭگىنىڭ ئاشقازاننى ياخشىلاپ، ئاشقازان يارىسى، ئادەت خاراكتېرلىك قەۋزىيەت قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈنۈمى ياخشى بولۇپلا قالماستىن، زەھەر ھەم ياللۇغ قايتۇرۇش رولى بار شۇڭا يازدا بەرەڭگە بوتقىسىنى كۆپرەك ئىچىپ بېرىش كېرەك.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته